# ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەر 6- دىۋىزىيىسى

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

تورغا يوللىغۇچى:ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتىدىن Ertoghrul ئەپەندى

30-ئەسىرنىڭ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا قۇمۇلدا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى تۇرپان ۋادىسى شۇنىڭدەك جەنۇبىي شىنجاڭغىمۇ كېڭەيدى، نەتىجىدە قۇراللىق قوشۇن بەرپا بولدى.
تۇرپاندا تەشكىللەنگەن بۇ قۇراللىق قوشۇن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوماندانلىقىدا مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، جىن شۇرېننىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قانلىق جەڭ قىلدى. ما جۇڭيىڭ بىلەن بولغان ئىركىششىلەردىمۇ قەتئىي تىز پۈكمىدى. نەتىجىدە جىن شورېن ھاكىمىيتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، شىڭ شىسەي باشچىلىقىدا يېڭى ھۆكۈمەت قۇرالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي خوجا نىياز ھاجى تىنىچلىق ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلدى نەتىجىدە «جىمسار كېلىشىمى» ئوتتۇرىغا چىقتى، «بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشماسلىق، تاجاۋۇزغا ئۇچرىغاندا بىر بىرىگە ياردەم قىلىش، تىنىچلىقتا بىللە ئۆتۈش» - ئەنە شۇ «كېلىشىم» نىڭ ماددىلىرىدىن ئىدى.
شۇ كېلىشىم بويىچە جەنۇبىي شىجاڭنى قوغداش ۋە مۇھاپىزات قىلىش ۋەزىپىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلۇپ، خوجانىيازھاجى باشچىلىقىدا«جەنۇبىي شىنجاڭنى قوغداش باش قوماندانلىق شتابى» قورۇلدى. شۇنىڭ بىلەن خوجنىيازھاجى ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇھاپىزەت قىلىش قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەنۇپقا ئۆتۈپ، كۇچا ۋە ئاقسۇلارنى مەركەز قىلغان ھالدا كۆرەشنى داۋاملاشتۇردى. مەھمۇت مۇھىتمۇ خوجانىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىقىدا دىۋىزىيە قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆرەشنى داۋاملاشتۇردى.
ئاقسۇدىكى باي شىنجاڭ دەپ ئاتالغان ئىسمايىل باي ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى خوجنىيازھاجى سېپىگە قوشۇلۇپ مەلۇم مەزگىل قوشۇن تەكىبدە ھەرىكەتلەندى، بۇ قوشۇنلار قۇرال- ياراغ ۋە مائاش بىلەن تەمىنلەشنى كېلىشىم بويىچە ئۈرۈمچى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۈرۈمچى تەرەپ مەزكۇر قوشۇننى گەرچە قورال بىلەن تەمىنلىمىگەن بولسىمۇ، ئەسكەرلىرىنىڭ مائاشى ئۈرۈمچىدىن بېرىلگەنىدى. ئۈرۈمچىدە باستۇرۇلغان 20 تەڭگىلىك، 40 تەڭگىلىك قەغەز ئاقچىنىڭ جەنۇبقا تارىلىشى ئەنە شۇ مائاش بىلەن تەمىنلەشنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى.
خوجانىياز ھاجى قوشۇنلىرى ما جۇڭيىڭنىڭ كۈچلۈك قوراللانغان، ھەربىي مەشىقتە تەربىيلەنگەن، ئۇرۇش تەجرىبىسىگە باي مۇنتىزىم قوشۇنىغا قارشى مەلۇم مەزگىل ئېلىشقان بولسىمۇ، قوشۇن ئارىسىدىن چىقىپ تۇرغان خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى نەتىجىسىدە، بۇ ئۇرۇشتا ئاجىز كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى قوغداپ قالالمىدى، بەلكى تۇڭگان 36- دىۋىزىيىسىگە جەنۇبتىكى بىرمۇنچە جايلارنى تاتقۇزۇپ قويدى، تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى نەتىجىسىدە، 1934- يىل 4- ئايغا كەلگەندە خوجانىيازھاجى ئۈرۈمچىدىن ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بولدى.
«جىمسار كېلىشىمى» دىكى ئۆز- ئارا ياردەم بېرىش ماددىسىغا ئاساسەن ئۈرۈمچى تەرەپ



ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇن يەكەن، مەكىت، مارالبېشى چۆللىرىنى كېزىپ ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە يېتىپ باردى.

ئەنە شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىگە ھاۋادىن ۋە قۇرۇقلۇقتىن ئەۋەتكەن قوشۇنى ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ، مارالبېشىغىچە سۈرۈپ كەلدى. خوجانىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇھاپىزەت قىلىش باش قوماندانلىق ئورنىدىن ۋاز كېچىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى قوبۇل قىلدى، شېڭ شىسەي كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، خوجانىيازھاجىنى قارشى ئالدى.

قۇمۇللۇق ھامىدخان لۈيجاڭنى 500 ئەسكەر بىلەن ئۆزىنى قوغداشقا ئېلىپ قېلىپ، باش قوماندانلىق شتابى قارىمىقىدىكى قالغان قوشۇنلىرىنى قوماندان مەھمۇت مۇھىتىغا تاپشۇردى.

شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە كوماندانى دۇبەن شېڭ شىسەي خوجىنىيازھاجىنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى بىر دىۋىزىيە قىلىپ تەشكىللىدى ۋە «6- دىۋىزىيە» دەپ نام بەردى.

ئۇنىڭ تولۇق نامى «شىنجاڭ چېگرا مۇداپىيە قۇرۇقلۇق ئەسكىرى ئاتلىق قوشۇن ۋاقىتلىق 6- دىۋىزىيىسى» ئىدى. دېمەك، بۇ دىۋىيە دەسلىپىدە قۇرۇقلۇق دىۋىزىيە بولۇپ شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇنىڭغا تۇرپانلىق مەھمۇت مۇھىتى قوماندانلىققا تەيىنلەندى. بۇ دىۋىزىيە ئىككى بىرىگادا، تۆت پولكتىن ئىبارەت ئىدى. پولكلارنىڭ نامى 1- پولك، 2- پولك، 3- پولك، 4- پولك، بىر مۇھاپىزەت ئىسكادرونىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ 2500 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1- بىرىگادىنىڭ باشلىقلىقىغا قۇمۇللۇق سالىھ دورغا، تۆمۈر سىجاڭنىڭ بىرىگادى تۇرپانلىق توختى بەگ ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ تەيىنلەندى.

1- پولكىنىڭ كوماندىرى تۇرپانلىق سەمەت ھاجى، 2- پولكىنىڭ كوماندىرى تۇرپانلىق قۇربانىياز گاجىدى (كېيىن شاھىدىغا ئۆگەرگەن)، 3- پولكىنىڭ كوماندىرى توقسۇنلۇق غوپۇر ئاززۇھاجى ئوغلى، 4- پولكىنىڭ كوماندىرى تۇرپانلىق پولات بەگ ئىدى. 36- دىۋىزىيە قوشۇنلىرى مارالبېشىدىن چېكىنگەندىن كېيىن 6- دىۋىزىيە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

قوماندان مەھمۇت مۇھىتى گېنېرال لېيتېنات دېگەن ئۇنۋان بىلەن 6- دىۋىزىينى باشلاپ 1934- يىل 19- ئىيۇل كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

دىۋىزىينىڭ باش سىيانى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە تۇتاشقا سابىق «شەتەي يامۇلى» غا ئورۇنلاشتى. بۇلاردىن بىر پولك باش شتاب ئورۇنلاشقان جايدىكى يۇملاق شەھەر قۇغانچىسى دەپ ئاتالغان ئورۇندىكى بۇرۇنقى ھەربىي گازامىلارغا، بىر پولك شەھەر ئىچىدىكى سودا سارايلىرىغا، بىر پولك يېڭىسار قەلئەسىگە، بىر پولك يەكەن كوناشەھرىگە ئورۇنلاشتى.

مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كەلگەندە، 1933- يىللىرى تەشكىللىنىپ قەشقەردە قۇرۇلغان يەرلىك قۇشۇنلاردىن «قەشقەر ئۈستۈن ئاتۇش بىرىگادىسى» دەپ ئاتالغان زەيدىن كارۋاننىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى، «ئاستىن ئاتۇش بىرىگادىسى» دەپ ئاتالغان كىچىك ئاخۇننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن، تۇڭگان ما فۇيۈەن قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە ئۆز قىسمىغا خائىنلىق قىلىپ تۇڭگانلار تەرىپىگە تۆتۈۋالغان ئاتالمىش «پارتىزان ئەترەت قوماندانى» رېشتەمىنىڭ بىر ئىزۋوت (پەي) ئەسكىرى قاتارلىق قورالىق قوشۇنلار6- دىۋىزىيىگە قوشۇلۇپ، ئەسكەر سانى 3500 دىن ئاشتى.



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كەلگەندە قوشۇمچە «گارنىزون قوماندانى» لىق ئەمەلىگىمۇ ئېرىشكەن ئىدى. دىۋىزىيە باش قۇماندانلىق شتابى 2- قېتىمدا قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقا «يۇملاق شەھەر» قورغانچىسىغا جايلاشتى.

دىۋىزىيە باش شتابى 8 چوڭ باشقارمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلار:

1. باش مەسلىھەت باشقامىسى

2. ھەربىي سوت باشقامىسى

3. كاتىبات باشقامىسى

4. قورال - ياراغ باشقارمىسى

5. ھەربىي ئارقا دەپ تەمىنات باشقارمىسى

6. مۇھاپىزەتچىلەر باشقارمىسى

7. ھەربىي داۋالاش باشقارمىسى

8. ھەربىي ئات دوختۇرلۇقى باشقارمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ كېيىنكى ئېھتىياج قوشۇلۇق تەرجىمانلار باشقارمىسى قۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا8 باشقارمىدىن ئۆزگەرمىگەنىدى.

مەھمۇت مۇھىيى قەشقەرگە كېلىپ ئارقىدىنلا ئۇرۇمچىدىن ئەۋەتىلگەن بىر پولك خەنزۇ ئەسكەر گۇڭ جىڭخەي باشچىلىقىدا قەشقەر يېڭى شەھەرگە، لۇ سىڭچۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر پولك خەنزۇ ئەسكەر يەكەنگە ئورۇنلاشقانىدى.

مانا بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ دوتەي ما شاۋۋۇنىڭ رول ئوينىشى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى قوشۇن ما خوسەن باشچىلىقىدا خوتەنگە قاراپ يولغا چىققاچقا، يەكەن شەھىرى ئازات قىلىنغانىدى.

6- دىۋىزىيە تەركىبىدىكى قۇراللىق قوشۇنلارنى يۇقىرقىدىكىلەر »ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن، پارتىزان شەكلىدە ھەرىكەت قىلىدىغانلار» دەپ قاراپ، ھەربىي ئىنتىزامدا تەربىيلەشنى باھانە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇشاۋۇر تەكلىپ قىلدى، بۇ ھەربىي مۇشاۋۇرلار 3 كىشى بولۇپ، خەلق ئىچىدە«ساقاللىق گېنىرال» دەپ ئاتالغان رىبالكىن دەسلەپكى قەدەمدە تەرتىپسىز، باشباشتاقلىقتا كۆنۈپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى ئىنتىزامغا كۆتۈردى، 2- قەدەمدە ئوبۇخوپ ئىسىملىك گېنىرال قوشۇننى زامانىۋى ھەربىي تەلىم - تەربىيە بىلەن بىلەن قوراللاندۇردى، 3- قەدەمدە ئالماشقان گىنرال دوتىكىن ئايىغى ياراشمىدىمۇ، كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ھەربىي ئۆزگىرىش بولۇپ پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى.

بۇ مۇشاۋۇرلار قوشۇنى ئۆزگەرتىش بىلەن ئانائەتلىنىپ قالماي، مەلۇم كىشىلەرنى چەتتە تەربىيلەش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، دىۋىزىيىدىن 5 كىشى 1934- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەتتى.

بۇلار، 1. مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى قۇربان سەئىدى، 2. مۇئاۋىن شتاب باشلىقى تۇرپانلىق سايىم ئاخۇن 3. دىۋىزىيە قۇرال - ياراغ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئۇرۇمچىلىك ئابدۇللا ئەپەندى. 4. 1- پولكنىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىنى، توقسۇنلۇق مەسۇم داموللىنىڭ ئوغلى ئەخمەت مەسۇمى. 5. 2- پولكنىڭ كوماندىرى، تۇرپانلىق نىياز گاجىدى لاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ 5

كىشى مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئەڭ يېقىن ئىشەنچىلىك ئادەملىرى ھېسابلىناتتى. بۇلار 1935- يىلنىڭ ئاخىرى تاشكەنتكى ئوقۇشتىن قايتىپ كېلىشتى، كېيىنكى، ئەمەلىيەتلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي مەكتەپنى «ئىدىيە ئۆزگەرتىش» بىلەن تاماملىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ھەربىي كۈچى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ يېڭىچەقان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى.

بۇ 5 كىشى چەت ئەلدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەلىم - تەربىيە روتىسى يۇملاق شەھەر قەلئەسى ئىچىدە كۇرس ئېچىپ بەردى، ھەر بىر پولكتىن خېلى كۆپ كىشى بۇ ئۆگىنىش كورۇسىغا قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلار قايتقاندىن كېيىن، ئۇ يەردىمۇ ئۆز قوشۇنلىرىغا تەلىم- تەربىيە ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغانىدى.

6- دىۋىزىيىدە تەرەققىيات ئەنە شۇ تەرىقىدە تېز بولغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي تەرەققىياتمۇ خېلى تېز راۋاجلانغانىدى.

1. مەھمۇت سىجاڭ گارنىزون قوماندانى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي شەرقىي شىمال قوشۇنلىرىنىڭ سابىق گېنېرالى، كېيىن شېڭ شىسەينىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن لوبىن «گارنىزون قوماندانى» بولۇپ ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە كەلدى ۋە گۇڭ جىڭخەندىن خىزمەت تاپشۇرۇۋالدى، ئۇ خوجانىيازھاجى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 3 ماددىلىق «جىمسار كېلىشىمى» دىكى بىر- بىرىگە ياردەم بېرىش دېگەن ماددىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئادىنقى قېتىمدا گۇڭ جىڭخەي ھال سوراش ئۆمىكى بىلەن 2 پولك ئەسكەرنى بىرگە ئېلىپ كىرىپ قەشقەر ۋە كەيەنگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى، بۇ جەنۇبنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ياردەمگە كەلگەنلەر دەپ ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار «بىرلىكتە ئىدارە قىلىش» ئۈچۈن كەلگەنلەر ئىدى، شۇنىڭ بىلەن، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ گارنىزون قوماندانلىق ئورنى مۇئاۋىنلىققا چۈشۈپ قالغانىدى.

بۇ شەكىل بارا- بارا تەرەققىي قىلدى، ئۈرۈمچى دىۋىزىيە شتابى ئورگىنىنى قىسقارتىپ گارنىزون قوماندانلىق شتابىغا قوشۇۋېتىشكە ھەمدە 6- دىۋىزىيىگە قارشىلىق 4 پولكنى 31-، 32-، 33-، 34- پولك دېگەن نامغا ئۆزگەرتىش بىلەن ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە بىۋاستە قارايدىغان پولك قىلىشقا ئورۇنۇپ بۇيرۇق چۈشۈردى، ھەتتا «مۇستەقىل پولك» قىلىپ تامغا ئەۋەتتى، لېكىن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قارشى تۇرۇش بىلەن ئۇ سۈيىقەست ئەمەلگە ئاشمىغان بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دىۋىزىيە شتابى باش ئورگىنى گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ شۆبىسى قاتارىغا قوشۇۋېتىلىپ، مائاش دەرىجىسى بىر دەرىجە چۈشۈرۈۋېتىلگەنىدى.

2. ئۈرۈمچىنىڭ غەمخورلۇقى تۈتۈپ كېتىپ، 6- دىۋىزىيىنىڭ قورال لىرىنى زامانىۋى قورالغا ئالماشتۇرۇپ بەرمەكچى بولغانىدى. لېكىن يېڭىنى ئېلىش ئالدىدا كونىسىنى پۈتۈنلەي تاپشۇرۇش شەرت قىلىنغانلىقتىن، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاۋۋال ئالمىز، ئاندىن تاپشۇرىمىز دېگەندە چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن، ئۈرۈمچىنىڭ بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشماي قالدى.

3. 6- دىۋىزىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى قانلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، پىشقەدەملەر ئۈرۈمچىگە



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

چاقىرتىپ كېتىلدى.

قۇمۇللۇق سالىھ لۈيجاڭ، پازىل لۈيجاڭ (بۇلار قۇمۇلنىڭ دۇرغۇللىرى ئىدى)، شايارلىق ھەمدەم بەگ ھاجى، تۇرپانلىق توختى (بۇلار تۇمۇر سىجاڭنىڭ لۈيجاڭلىرى ئىدى)، پولات تۇەنجاڭ قاتارلىق مەشھۇر سەركەردىلەر بىر- بىرلەپ چاقىرتىپ كېتىلىپ، مەمۇرىي خىزمەتكە قويۇلدى. دىۋىزىيە باش شتابىدىنمۇ باش مەسلىھەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇلمۆمىن ھاجى، شتاب باشلىقى نەمەتۇللا خەلپەت ، تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ ئاقسۇ بايلىق باشلىقى ئەييۇپ بەگ قاتارلىقلارمۇ ئورۇن بوشاتتى، مانا ھال قىسمنىڭ يېڭىلىنىشىنىڭ ئاساسى بولغاندى.

4. قىسمنىڭ تەركىبمۇ ھەربىر قېتىمقى ئىسلاھاتتا ئۆزگىرىش تاساپ، بىر پولك 5 روتىدىن 4 روتىغا، بىر پولك 700 - 800 كىشىدىن 610 كىشىگە قىسقارتىۋېتىلدى، شۇنىڭدەك دىۋىزىيە شتابىنى قوغدايدىغان مۇھاپىزەت ئىسكادرونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. سىجاڭنى قوغدايدىغان مەخسۇس مۇھاپىزەت ئەترىتىدىكى 40 كىشى 10 كىشىگە قىسقارتىۋېلىتلدى، قىسقارتىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئائىلىسىگە قايتقان بولسىمۇ، بىر قىسمى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن180 كىشىلىك، 2 شەھەردە تۇرۇشلۇق مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ ھەر بىرى50 كىشىدىن تەركىب تاپقان 3 ئالاھىدە ئىزۋوت (بۇلار چېگرىنى قوغدايدۇ)قا قوشۇۋېتىلدى، 6- دىۋىزىيە دەسلەپتە 5000 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە 4000 يەتمەگەن سان بىلەن بىر دىۋىزىيە نامىنى ئالغاندى.

5. 1935 - 1936- يىللىرى ھەرقايسى قىسىملاردىن پولك كوماندىرى، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، روتا كوماندىرى، ئىزۋوت كوماندىرى ۋە ۋە ئەترەت باشلىقى قاتارلىق رەھبىرىي كىشىلەر تۈركۈمگە بۆلۈپ ئۈرۈمچىدە ئوقۇشقا چاقىرتىلدى، بولارنىڭ ئىچىدە 3- پولكنىڭ كوماندىرى توقسۇنلۇق غۇپۇر ئاخۇن، 2-پولكنىڭ 1- مۇئاۋىن پولك كوماندىرى قەشقەرلىك ئابدۇشۈكۈر ئاخۇن⑧، مۇھاپىزەت ئەترىرتىنىڭ باشلىقى ھۈسەيىن ⑨ ئاخۇن دىگەنلەر بار ئىدى.

6. 6- دىۋىزىيە ئىچىدىن ئۈرۈمچىگە سىتىلغۇچىلار كۆپلەپ چىقىشقا باشلاپ قوشۇننىڭ ساپلىقى يوقۇلۇشقا، بىرلىكى پارچىلىنىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ گەۋدىلىكرەكى 1- پوكنىڭ كوماندىرى ئابدۇسەمەت ھاجى بولۇپ، ئۇ بۇرۇن 6- دىۋىزىيە بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن قاراۋۇل، ياش، قەھرىمان، ئوت يۈرەك قوماندانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كېيىن ئۆزگىرىپ ھەتتا «سىجاڭلىق»تونىنى كىيىش ئارزۇسىدا بەزى سويقەستلىك ھەرىكەتلەردە بولدى. ئاقىۋەت ئۆزىنىڭ يېقىن قوغقىنى بىر يۈرتلۇقى، سەبدىشى بولغان مەھمۇت مۇھىتنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش كويىدا بولدى، ئېتىشقا بويرىغان ئادىمى ھاجەتخانىدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەھمۇت مۇھىتنى ئېتىشقىمۇ تەييارلانغاندى، لېكىن ئاتقۇچى ئىنساپ قىلىپ ئاتمىدى، بەلكى بۇ سىرنى پاش قىلدى. مەھمۇت سىجاڭ ئابدۇسەمەت ھاجىنى قولغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

گەرچە ھەربىي قىسمدىن خائىن، ساتقىنلار كۆپلەپ ئاشكارىلانغان بولسىمۇ، بەزىلىرى يوشۇرۇن نازارەت ئاستىدا ھەرىكەتلەنگەن، بەزىلىرى جازاغىمۇ ئۇچرىغان بولۇپ، مەھمۇت مۇھىتنى يوقىتىش دۇشمەنلەرنىڭ بىردىنبىر ئىستىكى بولۇپ قالغاندى.

مەنبە: بوستان تورى



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ئىزاھات: گەرچە تور بەتلەردە تېما تەكرارلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قالايمىقان چاپلىماسلىق تەكتلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئورخۇننى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ماتېرىيال ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ تېمىنى كۆچۈرۈپ كەلدىم. مېنىڭچە ئورخۇندىن ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ماتېرىيال تېپىلسا دەپ قارايمەن.

باياناتات : ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكتاپنىڭ ئەسلى ماتىرىيالىنىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى توردىكى ئەسلى ئاپتۇرغا مەنسۇپ ! بۇ ئېلكتاپلار پەقەت ئىشتىن سىرتقى قىزىققۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ، ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىشكە بۇلىدۇ ، ئۇنىڭدىن سىرت سودا ئىشلىرى ياكى باشقا ساھەدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . ئەگەر باشقا ساھەلەردە قانۇنسىز ئىشلىتىپ بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە بارلىق ئاقىۋەتكە ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئول !!!

ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئولىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!

ئەگەر ئاپتۇرلۇق ھوقۇقىمغا دەخلى يەتتى دېگۈچىلەر بولسا بىۋاستە ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار بىلەن ئالاقىلاشسا بۇلىدۇ . ئېلكتاپلار توردا تەمىنلەشتىن توختىتىلىدۇ !!!!!
ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار تۈزگەن ئېلكتاپلارغا نىسبەتەن ھەرقانداق پىكىر-تەكلىپلىرىڭىز بولسا ، ئۇيغۇر ئوغلى ---- ھەۋەسكار بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بۇلىدۇ .

2008 -يىلى 01-ئاينىڭ 27-كۈنى

شەندۈك---جىنەن



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com